UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

6.01.2021 – 12.01.2021


14 - سان
014/01/2021



تەييارلىغۇچىلار : م. تەڭرىقۇت
: مەمەتئېلى مەمەتئىمىن
: نىجات مەمەت
: مەلىكىزادە

تەھرىرلەر : ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
: پاسبان



https://www.uysi.org/ug/

# ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ھەپتىلىك تەرەققىياتى ۋە ئانالىزلار

(12.01.2021 — 06.01.2021)

**تەييارلىغۇچى : م. تەڭرىقۇت**

Eurasia Group نىڭ مۇ تەخەسسىسلىرىنىڭ دېيىشىچە، 2021- يىلىدا ئامېرىكا خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ساھەلەرگە كېڭىيىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىكەن. مۇتەخەسسىسلەر بۇنى 2021- يىلىدىكى 10 چوڭ خەتەرنىڭ ئەڭ بېشىدىكىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىغان. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت يېشىل تېخنىكا (پاكىز ئېنېرگىيە ۋە مۇھىت بۇلغىمايدىغان تېخنىكا ۋە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ) ساھەسىگە كېڭىيىشى، شۇنداقلا بايدىنىنىڭ خىتايغا قارشى كۆپ فرونتلۇق ئىستراتېگىيە پىلانى نەتىجىسىدە يەنە يېڭى رىقابەت ساھەلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

Eurasia Group نىڭ تەتقىقاتچىسى Levy، يېشىل تېخنىكا رىقابىتىنىڭ ترامپ دەۋرىدە ھېچ بولۇپ باقمىغان بىر رىقابەت ساھاسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بايدىن بۇ ساھەگە بولغان مەبلەغ ۋە تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى كۆمۈر كانلىرىغا مەبلەغ سېلىشتىن «نومۇس قىلدۇرۇپ»، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن خىتايغا مۇھىت مەسىلىسى ۋە پاكىز ئېنېرگىيە ساھەسىدە بېسىم ھاسىل قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن سىرت بايدىن دەۋرىدە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەسكىن دىپلوماتىيە رىقابىتى بولىدىكەن. بۇ رىقابەتنىڭ بىرى ۋاكسىنىنى قورال قىلغان دىپلوماتىيە بولۇپ، خىتاينىڭ دۆلەت سىستېمىسى ۋە ھازىرقى خىتاي ۋە ئامېرىكادىكى ۋىرۇسلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كۆرۈنىشتە خىتاي پايدىلىق ئورۇندا ئىكەن. چۈنكى خىتاي زور مىقداردىكى ۋاكسىنىنى ئوتتۇرىھال ۋە نامرات دۆلەتلەرگە چىقرالايدىكەن. لېكىن ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدىكى

يۇقۇملىنىشنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئىشلەپچىقارغان ۋاكسىنىسنىڭ ساقلاشقا بولغان تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقى سەۋەبىدىن كەمبەغەل دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىشتا خىتايغا قارىغاندا توسالغۇغا ئۇچرايدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا خىتاي ئامېرىكانىڭ باشقا ئىتتىپاقداشلىرىغىمۇ خۇددى ئاۋستىرالىيەگە قاراتقان قاتتىق سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغان بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

ئامېرىكا ۋە خىتاي ئىككى دۆلەتنىڭ ۋاكسىنا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك[1] :




يۇقىرىقى تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ بىلدۈرىشىچە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار، خوڭكوڭ، تەيۋەنگە قاراتقان مۇئامىلىسى ۋە جەنۇبىي دېڭىز مەسىلىلىرى يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش شەكىلدە ئامېرىكانىڭ خىتاي سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ قېلىۋېرىدىكەن.[2]

[1]IAN BREMMER, CLIFF KUPCHAN, “ Risk 4: US-China tensions broaden”, Euroasia Group, 04.01.2021 https://www.eurasiagroup.net/live-post/top-risks-2021-risk-4-us-china-tensions-broaden
[2]Lee Yen Nee, “ U.S.-China rivalry could spill into new areas in 2021, says Eurasia Group”, CNBC, 05.01.2021 https://www.cnbc.com/2021/01/05/us-china-rivalry-could-spill-into-new-areas-in-2021-says-eurasia-group.html

مەزكۇر تەتقىقات گۇرۇپپىسى تىزىپ چىققان 2021- يىلىدىكى 10 چوڭ خەتەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:[3]

1. ئامېرىكادىكى قۇتۇپلىشىش
2. ۋىرۇسنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەسىرى
3. مۇھىت مەسىلىسىنى پىلانلاش ۋە يۈرگۈزۈش
4. ئامېرىكا - خىتاي رىقابىتى
5. دېگىتال ئۇچۇرلارنى توپلاش ۋە مەشغۇلات قىلىش
6. تور ھوجۇملىرى
7. ئىقتىساد، سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە كىرىزىسىدىكى تۈركىيە
8. نېفىت قىسلىقى
9. مېركىلدىن كېيىنكى ياۋروپا
10. لاتىن ئامېرىكاسىدىكى قالايمىقانچىلىقلار

ئامېرىكا ۋە خىتاي ئارىسىدىكى پەن - تېخنىكا ۋە سودىنى مەركەز قىلغان رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، خىتاي تەرەپ 2021- يىلىدىكى پىلانىدا تۆۋەندىكى ساھەلەرگە مەركەزلىشىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىنى بەرگەن:

1. پەن - تېخنىكا كۈچىنى ئاشۇرۇش. مەزكۇر پىلان ئامېرىكانىڭ يۇقىرى تېخنىكا ۋە بۇ تېخنىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى خىتايدىن چەكلىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان پەن - تېخنىكا بوشلۇقىنى تولدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.
2. ھەر جەھەتتىن ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغان ھالەتكە كېلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش زەنجىرىنى كونترول قىلىش

[3] IAN Bremmer, " The Top Risks for the world in 2021", Euroasia Group, 06.01.2021 https://www.eurasia-group.net/live-post/top-risks-world-2021

3. يىزا-ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ چەتئەلنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۇرۇقلىرىغا تايانغان ھالەتنى ئۆزگەرتىش. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ بەش شىركەتنىڭ ئۈچى ئامېرىكانىڭ بولۇپ خىتاينىڭ پەقەت بىرىلا بار.
4. ئىچكى ئىستېمالنى ئاساس قىلغان ئىقتىساد تەرەققىيات مودېلى بەرپا قىلىش. بۇ خىتاينىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تاشقى سودىغا تايانغان ئىقتىساد مودېلىغا ئوخشىمايدۇ. خىتاي بۇ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئوتتۇرا سىنىپنىڭ ئىستېمال تەلىپىگە خىتاي دۆلىتى ئىچىدە مۇلازىمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى.
5. ئەلى بابا ۋە تىڭشۈنگە ئوخشاش شىركەتلەرنىڭ تەرتىپسىز كاپىتال كېڭەيتىشى ۋە مونوپوللۇقىغا قارشى تۇرۇش.

يۇقارىقى تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى جازالىرىغا قارشى ئېلىنغان رىقابەت تەدبىرلىرىدىن ئىبارەت. بۇرۇنقى يىللارغا ئوخشىمايدىغىنى، خىتاي بۇ يىل يىللىق ئۆسۈش نىسبىتىنى قانچىلىك قىلىپ پىلانلاش ھەققىدە بىر نەرسە دېمىگەن. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىقتىساد ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.[4]

مايىك پومپېيو ئامېرىكانىڭ ب د ت دىكى ئەلچىسى Kelly Craft نىڭ 13-يانۋاردىن 15-يانۋارغىچە تەيۋەندە زىيارەتتە بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە تەيۋەننىڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداش ۋە ئۈلگىلىك دېموكراتىيە

[4]Pei Minxin, “China’s new plan to counter the US economy”, NIKKEI Asia, 06.01.2021 https://asia.nikkei.com/Opinion/China-s-new-plan-to-counter-the-US-economy

ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى خۋا چۈنيىڭ يەنىلا بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن شۇنداقلا بۇنى تىرامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى غالجىرلىششى دەپ ئاتىغان.[5]

خىتاي تەرەپ يېقىندا بىر ماقالە ئېلان قىلىپ ئۇيغۇرلارنى خىتاي ۋە ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئۇرۇشىنىڭ قورالى دەپ ئاتىغان. ماقالىدە يەنە ئىككى يۈزلۈك، شەخسىيەتچىلىك ۋە نومۇسسىزلىق يۈز يىللاردىن بېرى غەرب سىياسىتىنى قوغداپ كېلىۋاتقان ئۈچ تۈۋرۈك دەپ كۆرسىتىلگەن. ئامېرىكا ۋە غەرب خىتايدىن قورققانلىقى ئۈچۈن خىتاينى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ قارىغان ۋە خىتاينى سودا ۋە باشقا جەھەتلەردە چەكلەش ئۈچۈن ئىنسان ھەقلىرى دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققان. بۇنى كۆتۈرۈپ چىقماي ئادىل رىقابەتلەشسە خىتاينى يېڭەلمەيتتى. ئامېرىكا بىڭتۇەننىڭ پاختىلىرىنى چەكلەش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ئاشۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكادىكى 75% مۇسۇلمان ئۆزلىرىنىڭ كەمسىتىشكە ئۇچرىۋاتىدۇ دەپ ھېس قىلىدىغان بولۇپ، ئامېرىكا بۇنىڭدىن نومۇس قىلىشى كېرەك ئىكەن.

بۇ ماقالىدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ۋە جازا لاگېرلىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، دېيىلىشىچە، ئۇيغۇرلار ناھايىتى ياخشى، خاتىرجەم ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشاۋېتىپتۇمىش. ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش كۈچەيگەن. غەرب دەۋاتقان جازا لاگېرلىرى ئەمەلىيەتتە تېخنىكا تەربىيەلەش مەركەزلىرى بولۇپ، مەقسەت ئۇيغۇرلارنى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتاينىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىش ئىكەن. يازغۇچى بۇ ماقالىنى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېچكىمنىڭ ئەندىشە

[5]Ching-Tse Cheng, “China warns US will pay ‘heavy price’ for sending UN ambassador to Taiwan”, Taiwan News, 08.01.2021 https://www.taiwannews.com.tw/en/news/4097226

قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلار بار»
دەپ ئاخىرلاشتۇرغان.[6]

خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئۆزىنىڭ تىۋىتتېر ھېسابىدا
شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ئاتالمىش رادىكاللىققا قارشى تۇرۇش ۋە پىلانلىق
تۇغۇت سىياسەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلغانلىقىنى ۋە
ئۇيغۇر ئاياللىرىنى بالا ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىسى بولۇشتىن ساقلاپ قېلىپ
ئۇلارغا ئىشەنچ ئاتا قىلغانلىقىدەك مەزمۇندا بىر تىۋىتتېر يوللىغان.




خىتاينىڭ كەمسىتىش خاراكتېرىنى ئالغان بۇ يوللانمىسىغا ناھايىتى كۆپ
ئىنكاسلار چۈشكەن بولۇپ، ھەممىسى ئاساسەن خىتاينى ئەيىبلىگەن. ئادرىيان
زىنىز قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ۋە Rick Scott, Tom Cotton, Mike Waltz, Ian
Duncan Smith, Neil O’Brien قاتارلىق سىياسىيەتچىلەر بۇ تىۋىتتېرنى

[6]Seymur Mammadov, “Uyghurs a bargaining chip in US-China trade war”, China Daily, 11.01.2021 https://global.chinadaily.com.cn/a/202101/11/WS5ffbb441a31024ad0baa1b14.html

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار قاتارلىق مىللەتلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىغان ۋە تىۋىتتېر شىركىتىگە بۇنداق نومۇسسىزلىقتا تولغان يوللانمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش توغرۇلۇق تىۋىتتېر يوللىغان. تىۋىتتېر بۇ يوللانمىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق قائىدىسىگە خىلاپ ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. لېكىن خىتاينىڭ ئەلچىخانىسى يوللىغان بۇ تىۋىتتېر بىر كۈندىن كېيىن يۇيۇۋېتىلگەن. لېكىن بۇ يوللانما خىتاينىڭ China Daily ھېسابىدىن ئۆچۈرۈلمىگەن.[7] بەلكىم خىتاي تەرەپ ئۆزى يۇيۇۋەتكەن بولۇشى ياكى تىۋىتتېر شىركىتى ئەرز شىكايەتلەر سەۋەبىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى BBC, BusinessInsider, Guardian, Daily Mail قاتارلىق چوڭ مېدىيالاردا خەۋەر قىلىنغان.

## مۇلاھىزە

خىتاينىڭ 2012- يىللىق پىلانىنى ئامېرىكا خىتاي رىقابىتىنىڭ نەتىجىسى شۇنداقلا خىتاي تەرەپنىڭ بۇ رىقابەتنىڭ يەنىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىشىگە قارىتا ئېلىپ بارغان مۇداپىئە تەدبىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاشقى سودىغا تايانغان ئىقتىساد مودېلىدىن ئىچكى ئىستېمالنى ئاساس قىلغان ئىقتىساد مودېلىغا كۆچۈشنى پىلانلىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. خىتايدا كۆپ ساندىكى كىشى نامرات بولسىمۇ سان جەھەتتە باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا خېلىلا كۆپ بولغان ئوتتۇرىھال سىنىپ مەۋجۇت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىستېمال تەلىپى ۋە مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى. دۇنيانىڭ ئالاھىدە قىممەت باھالىق تاۋارلار ئىستېمالى جەھەتتە خىتاي بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چەتئەلگە

[7]Zitser Joshua, “ Twitter blocks ‘dehumanizing’ Chinese Embassy tweet claiming Uighur women are no longer ‘baby-making machines’”, Business Insider, 09.01.2021 https://www.businessinsider.com/twitter-dehumanizing-chinese-embassy-tweet-about-uighurs-blocked-2021-1

سایاھەتکە چىققان (بۇ سىنىپتىكى) خىتايلار غايەت زور سوممىلىق قىممەت باھالىق تاۋارلارنى سېتىۋېلىپ قايتىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار خىتايدا بۇنداق يۇقىرى سوممىلىق سودىنى قىلمايدۇ، چۈنكى بۇ خىل مەھسۇلاتلار خىتايدا قىممەت. بۇنىڭ بىلەن غايەت زور مىقداردىكى پۇل خىتايدىن باشقا دۆلەتلەرگە ئېقىپ كەتمەكتە. خىتاي يېقىندىن بىرى ئوتتۇرىھال سىنىپتىكى يۇقىرىلىرىنى نىشان قىلغان ئىقتىساد مودېلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پىلانلىماقتا.

يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكا بىلەن بولغان رىقابەت ۋە ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقارغان تەمىنلەش زەنجىرىدىكى كىرزىزىستىن كېيىن، چەت ئەل كارخانىلىرى خىتايدىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. خىتاينىڭ تاۋارلىرىغا ھەددىن زىيادە تايىنىۋالغان دۇنيا ئىقتىسادىي ۋىرۇس مەزگىلىدە بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشتى. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن كۆپ دۆلەتلەر بەزى مەھسۇلاتلارنى ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىشى شۇنداقلا ھىندىستان، بىنگال ۋە ۋېيتنام قاتارلىق دۆلەتلەر يېڭى ئېكسپورت دۆلەتلىرى بولۇپ باش كۆتۈرۈشى مۇمكىن. خىتاينىڭ بۇ تەدبىرلىرى مانا كەلگۈسىدىكى بۇ خىل ئېھتىماللىقلارغا قارىتىلغان. يەنە بىرى، خىتاينىڭ مايۇننىڭ شىركىتىنى ئەيىبلىشى ۋە تەكشۈرۈشكە باشلىشى خىتاي دۆلەت سىستېمىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھوقۇق مەركەزگە يەنىمۇ مەركەزلەشكەن ۋە تېخىمۇ دىكتاتورلۇققا قاراپ ماڭىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

ئامېرىكانىڭ ب د ت دىكى ئەلچىسىنىڭ تەيۋەنگە زىيارەتكە بېرىشى خۇا چۈنيىڭ ئېيتقاندەك ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق ساراڭلىقى ئەمەس، بەلكى ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغان رىقابەتتە تەيۋەننى داۋاملىق ئىشلىتىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىن. بايدىن كەلگەندىن كېيىن تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر تەيۋەن يەنىلا ئامېرىكا تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. لېكىن ترامپقا ئوخشاش توختىماي ياردەم بېرىپ تەيۋەننىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى تەيۋەننى

ھەددىن زىيادە ئالدىغا ئىتتىرىش خىتاي تەرەپنىڭ تەيۋەننىڭ خىتايغا يېقىنلا بولغان ئاراللىرىنى بېسىۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلار دېگەندەك، بايدىننىڭ بىر قەدەر يۇمشاق تەيۋەن سىياسىتى دەل تەيۋەن ئۈمىد قىلغان سىياسەت بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، خىتاي تەرەپنىڭ ۋەتەندىكى خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىدىن ئوچۇق ئاشكارا تېنىۋېلىۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ نە قەدەر يالغانچى ۋە ھىيلىگەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي ئالاھىدە بىر ئەھۋال بولمىسا، قىلغان بۇ جىنايەتلىرىنى ھەرگىزمۇ تەن ئالماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ئۇيغۇرلار ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتقان بولسا نېمىشقا ھېچكىم ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلالمايدۇ. ئەگەر بىرى يەنە بىرىنى ئۆچىنچى تەرەپكە يامانلىق قىلدىڭ دەپ ئەيىبلىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەيىبپلىشىنى قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۈچىنچى تەرەپنىڭ قانداق ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئۇلار چەتئەلدىكى پەرزەنتلىرى بىلەنمۇ ئالاقە قىلالمايۋاتىدۇ، دېمەك بۇ يەردە يالغان سۆزلەۋاتقان خىتاي تەرەپ. بۇنداق يالغانچىلىقلارغا ۋاقتىدا رەدىيە بىلدۈرۈپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈش تولىمۇ مۇھىم. بۇ ماقالىنى خىتاينىڭ ئەمەس، باشقا بىر چەتئەللىكنىڭ يېزىپ بېرىشىمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. دېمەك ئالدىمىزدىمۇ خىتاينىڭ ۋەتەننىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى يالغانچىلىقلىرى يەنە داۋاملىشىدۇ. مەسىلىنىڭ نېگىزى بولسا بۇنىڭغا قارىتا نېمە قىلىش كېرەك ،دېگەندىن ئىبارەت.

ۋىرۇس سەۋەبى بىلەن دۇنيا سىياسىتى، بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرى بىر كىرىزىسنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدى، خىتاي بولسا ۋىرۇسنىڭ زەربىسىگە ئازراق ئۇچرىغاندەك كۆرۈنمەكتە. خىتاي بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ دىپلوماتىيە جەھەتتىن بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزمەكتە. مەسىلەن، ئاۋستىرالىيەنىڭ يوللۇق

تەلەپلىرىگە قارىتىلغان يولسىزلارچە ئۆچ ئېلىش تەدبىرلىرى، كىچىككىنە تەنقىد قىلغان دۆلەتلەرگە قارىتا ئېيتىلغان قوپال ۋە تەكەببۇر سۆزلەر،مەبلەغ سېلىشنى سىياسىي مەنپەت ئېلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىش، بىر تەرەپلىمىلىك كېڭەيمىچىلىك قىلىش، سەممىي بولماسلىق ... قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا ۋىرۇسنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى يوشۇرۇشى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ ئاشكارىلىنىش شۇنداقلا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەيئىتىنىڭ بۇ قېتىممۇ خىتايغا كىرگۈزۈلمەسلىكى خىتايغا بولغان گۇماننى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇملىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى، ئەكسىچە رېئال ئەھۋال،بىتەرەپ ئورگانلارنىڭ بۇنىڭغا ئائىت پاكىتلىرى ۋە چەتئەلدىكى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئائىلىسى بىلەن نورمال ئالاقە قىلالماسلىقى ۋە بۇنىڭمۇ دۇنياغا ئاشكارا بولۇشى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى نامايەن قىلماقتا.

بۇلار ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە نىسبەتەن پايدىلىق ئورۇنغا ئۆتكەن بولسىمۇ لېكىن يۇمشاق كۈچ ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىن پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ۋىرۇسنىڭ خىتاينىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇشى سەۋەبىدىن تارقىلىشى، مايۇن قاتارلىق مىلياردىرلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى، كىشىلىك ئەركىنلىكىنىڭ ھەددىدىن زىيادە چەكلىنىشى ۋە ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەركەزگە مەركەزلىشىشى خىتايچە سىستېمىغا بولغان ئىشەنچىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەلكىم نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتايچە دۆلەت سىستېمىسىغا بولغان قىزىقىشىنى يوقىتىشى مۇمكىن. (تەبىئىي، دىكتاتۇر ھاكىمىيەتلەر خىتايچە سىستېمىنى يەنىلا ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن.) بۇ ئەمەلىيەتتە خىتاي ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى 2019 - يىلىدىن بۇرۇن خىتاي ھەم سىياسىي تۈزۈم ھەم ئىقتىساد مودېلى جەھەتتە غەربنىڭ ئورنىنى ئېلىشتەك

يۇشۇرۇن ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، 2019- يىلىدىن كېيىن پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكىلا جەلپ قىلىش كۈچىنى ساقلاپ قالالىدى دەپ قارىساق بەك خاتالاشقان بولمايمىز.

# رۇسيە، ئوكرائىنيە دۆلەتلىرى ۋە خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر  ھەپتىلىك خەۋەرلەر

## (12.01.2021 — 05.01.2021)

**تەييارلىغۇچى: مەلىكەزادە**

1. پۇتىن دۇنيا رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى 6-يانۋاردىكى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىناسىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىگە ناھايىتى ئەپسۇسلۇق بىر نەزەردە قاراۋاتقاندا، رۇسيەنىڭ پوزىتسىيەسى خىتاي ۋە ئىران بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئامېرىكاغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ دېموكراتىيەسىنى مەسخىرە قىلىش بولدى. ۋەقەدىن كېيىن، رۇسيە فېدراتسىپ  ھۆكۈمەت باياناتچىسى مارىيا زاخاروۋا فېيسبۇكتا:« ئامېرىكا سايلام سىستېمىسىنىڭ ناھايىتىمۇ ئىپتىدائىي، زامانىۋى دېموكراتىيەنىڭ ئۆلچەملىرىگە ماسلاشمىغان، ھەر تۆرلۈك زورلۇقلارغا پۇرسەت تۇغدۇرىۋاتقان بىر سىستېما ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەيمىز، ئامېرىكا مېدىيالىرى سىياسىي زىددىيەتلەرنىڭ قورالىغا، ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ قۇتۇبلىشىشىغا تۆرتكە بولغان زور سەۋەبلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى» دەپ يازدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى خۇا چۇنيىڭمۇ «خوڭكوڭدىكى نامايىشتا نامايىشچىلارنى ئاقلىغان ئامېرىكالىقلار نېمىشقا ئۆز دۆلىتىدىكى ۋەقەنى باشقىچە نۇقتىدا چۈشەندۈرىدۇ؟ ئامېرىكادا ۋەقە تۇغدۇرغانلارنى ئەيىبلىگەنلەر نېمىشقا خوڭكوڭدىكى قالايمىقانچىلىق چىقارغۇچىلارنى «ئەركىنلىك جەڭچىلىرى» دەپ مەدھىيەلەيدۇ؟» دەۋاتاتتى. ئىران پرېزىدېنتىنىڭ ئىنكاسىمۇ يۇقىرىقى ئىككىيلەننىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقى دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىدىن چەتتە قالمىدى، ئەلۋەتتە.

2. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، رۇسىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بېلارۇس ۋە ئۇكرائىنا بىلەن بولغان سودا ھەمكارلىقىدا زور دەرىجىدە تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن، 2020- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، خىتاي يەنىلا رۇسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمكارچىسى[8]، بولۇپمۇ، سىياسىي سوغۇقچىلىقلارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، خىتاي ئاۋستىرالىيەدىن كۆمۈر سېتىۋېلىشنى توختاتقاندىن كېيىن، رۇسىيە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىمەكتە ۋە خىتايغا ئىلگىرىدىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ مىقداردا كۆمۈر ئېكسپورت قىلماقتا ئىكەن.







[8] گرافىكلارنىڭ مەنبەسى:
https://www.intellinews.com/china-remains-russia-s-biggest-trade-partner-trade-volumes-with-belarus-ukraine-down-with-uk-up-199376/

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئېنېرگىيە بايلىقلىرى ئىستېمالچىلىرىنىڭ بىرى بولغان خىتاينى تەمىنلەش مەقسىتىدە، رۇسىيەدە كۆمۈر، تەبىئىي گاز ۋە نېفىت-خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنى يەتكۈزىدىغان تۇرۇبا يوللىرى كۆپەيتىلگەن. 2020-يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە رۇسىيە پرېزىدېنتى پۇتىن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ، ئېنېرگىيە ۋە سانائەتنى ئاساس قىلغان ساھەلەردە كەڭ كۆلەملىك ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلگەن. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، شى جىنپىڭ قىيىنچىلىقلار ئالاھىدە زور بولغان 2020-يىلدا رىشتىسى چوڭقۇر بولغان خىتاي-رۇسىيە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ساپ ئالتۇننىڭ كۈچلۈك ئوتتا سىنىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تېخىمۇ روشەن تونۇپ يەتكەنلىكىنى قەيت قىلغان. ئۇ يەنە خىتاي ۋە رۇسىيەنىڭ ئۆز-ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇلارنى ئايرىماقچى بولغان سىرتقى كۈچلەرگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، خەلقئارادا ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچلۈك مۇداپىئە سېپىنى ھاسىل قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتقان، شۇنداقلا، ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىن كېلىۋاتقان زەربىگە تاقابىل تۇرۇش تەكلىپىنىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان[9].

## مۇلاھىزە:

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئېنېرگىيە ئىستېمالچىسى بولغان خىتاي، ئاساسلىق ئېنېرگىيە ئېكسپورت دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولغان رۇسىيە بىلەن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سودا ئالاقىسىدىن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەنپەئەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئىدى، بۇ مۇناسىۋەت خىتاينىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى ئامېرىكا بىلەن بولغان سودا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاۋستىرالىيە ۋە ياۋروپا سىياسىي

[9]新华网，“习近平同俄罗斯总统普京通电话”，2020年12月28日 http://www.xinhuanet.com/politics/2020-12/28/c_1126918563.htm

سوغۇقچىلىقى جەريانىدا تېخىمۇ كۈچەيدى. شى جىنپىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقلىرى بىلەن تەمىنلىنىشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى، بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن قارشىلىش تۈپەيلى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالماسلىقىنى ئۈمىت قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن رۇسىيەنى چىڭ تۇتۇش ئۇنىڭ مۇھىم پىلانلىرىنىڭ بىرى. شۇنداقلا، قاچانغىچە داۋاملىشىشى ئېنىق بولمىغان بۇ سوغۇق ئۇرۇشتا رۇسىيە يەنە خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىنى ھەل قىلىشتىكى تايانچىسى. رۇسىيەمۇ 2014- يىلى قىرىم ئارىلىنى بېسىۋالغاندىن بۇيان، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا تەرەپتىن كېلىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىمغا تاقابىل تۇرۇشتا خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئۈنۈملۈك يول دەپ قارايدۇ. مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، شى جىنپىڭ ۋە پۇتىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي بايلىق سودىسىنى 200 مىليارد دوللارلىق سوممىغا يەتكۈزۈشنى پىلان قىلغان[10].

ئەمما، پۈتۈن دۇنيا خىتاي كېڭەيمىچىلىكى ۋە ئىدىيە سىڭدۈرمىچىلىكىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان ۋە مۇداپىئە كۆرۈۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە، رۇسىيەمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. رۇس مۇتەخەسسىسلىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى زىيادە كۈچەيگەن سودا مۇناسىۋەتلىرى تۈپەيلى ئىقتىساد ۋە سىياسەتتە خىتايغا بېقىندىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇرۇنقى مەزگىللەردىكى تەبىئىي گاز سودىلىرىدا خىتاي باھانى كۈچەپ باسقان سەۋەب بىلەن رۇسلاردا نارازىلىق شەكىللەنگەن ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولغان[11].

3. خىتاي ئاۋستىرالىيە ئېكسپورتىغا نىسبەتەن داۋاملىق سوغۇق پوزىتسىيە تۇتماقتا. ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ زور دەرىجىدە

[10]CSIS, “China and Russia: Economic Unequals”, Jul 15, 2020, https://www.csis.org/analysis/china-and-russia-economic-unequals
[11]Henderson H., “The Price Debate over Russian Gas Exports to China”, Sep 2011.

يىرىكلەشكەن ئاۋستىرالىيە ـ خىتاي دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيە كۆمۈرى ۋە يېزا ـ ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتىغا چەكلىمە قويۇشى بىلەن نەتىجىلەنگەن ئىدى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ ئاۋستىرالىيەنىڭ تۆمۈر رۇدىسىغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولۇشىغا قارىماستىن، يەنىلا ئۇچتىن بىر قىسىم ئېكسپورتىنى قىسقارتتى. 7 ـ يانۋاردىكى ئىقتىسادىي ئۇچۇر ۋە سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئاۋستىرالىيە ئالتۇنىنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورتى 3% ئاشقان بولسىمۇ، خىتاي ئېكسپورتى 10% تۆۋەنلىگەن ۋە يېقىنقى تۆت ئايدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشكەن.

كورونا ۋىرۇسىنىڭ يامرىشى بىلەن خىتاينىڭ تىنچ ئوكياندىكى ئارال دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى ئاستىلىدى ۋە سىياسى تەسىرچانلىقى ئاجىزلىدى. دەل مۇشۇ پۇرسەتتە، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئارال دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ، خىتاينىڭ ئىدىيە سىڭدۈرمىچىلىك قىلمىشلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم تەدبىرلەرنى ئالدى. باش مىنىستىر سكوت موررىسون ئاۋستىرالىيەنىڭ بۇ قوشنىلارنى ۋىرۇسقا قارشى ۋاكسىنا بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش يۈزمىليون ئاۋستىرالىيە دوللىرى قىممىتىدىكى مەبلەغ ياردىمى ئەۋەتىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنىڭ «كەڭ كۆلەمدە ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش» خىزمىتىنى قوللايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى[12].

ئاۋستىرالىيە يېقىندا يەنە قوشنا ئارال دۆلەتلەر ئىچىدە نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەت فىجى بىلەن ۋەكىل خاراكتېرلىك كېلىشىمنامە ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە ئۆز ـ ئارا يېقىن ھەمكارلىقتا

[12]The Straits Times, “Australia makes gains in Pacific islands as Covid-19 hinders China”, Jan 4, 2021, https://www.straitstimes.com/asia/australianz/australia-makes-gains-in-pacific-islands-as-covid-19-hinders-china

بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خىتاي ئۆزۈندىن بىرى ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە بىلەن ئۇلارنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى قوشنىلىرى ئارىسىدا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلغان «دوست تالىشىش» ئويۇنىنى ئويناپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ۋىرۇس مەسىلىسىدە، ئىقتىساد ۋە مېدىتسىنادا نىسبەتەن ئاجىز بۇ دۆلەتلەرگە قارىتا «دوستلۇقنى يېتەرلىك يەتكۈزەلمەي قالدى»، يەرلىك ئانالىزچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھالقىلىق پەيتتە يەنىلا ئاۋستىرالىيە ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشنى ئۈنتۇپ قالمىدى.

خىتاي تەرىپىدىن ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيەگە قارشى پائالىيەت قىلىشنىڭ بازىسىغا ئايلاندۇرۇلغان بۇ رايون جەمئىي 13 مىليون نوپۇسقا ئىگە 14 ئارال دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، دىپلوماتىيە خادىملىرى ۋە ئىستىخبارات ئورۇنلىرى بېيجىڭنىڭ ئاداققى نىشانىنىڭ مەزكۇر رايوندا ھەربىي بازا قۇرۇۋېلىش، شۇ ئارقىلىق ئاۋستىرالىيە ۋە ئامېرىكا ھەربىي ئىستراتېگىيەسىنى قالايمىقان قىلىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىنچىلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ كەلگەنىدى.

ئەلۋەتتە، ۋىرۇس مەزگىلىدە خىتاي ھەرىكەتتىن تامامەن توختاپ قالغىنى يوق. 2019 ـ يىلى خىتاي تەيۋەننى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئىككى دۆلەت ـ سولومون ئارىلى ۋە كىرىباتىغا يېڭى باش ئەلچى تەيىنلىگەن ۋە 2020 ـ يىلى مەزكۇر دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ۋىرۇسنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتمايدىغانلىقىنى، ئۇلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە ياردەمنى ئۈزۈپ قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. خىتاي تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ «تېببىي ئۈچۈرلاردىن بىرلىكتە بەھرىلىنىش ۋە ۋىرۇستىن قوغدىنىش بۇيۇملىرىنى

يەتكۈزۈش» ياردىمى بەدىلىگە، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان پاپۇئا يېڭى گىنېيەدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياساش ۋە سولومون ئاراللىرىدا چوڭ كۆلەمدىكى تەنھەرىكەت مەيدانى قۇرۇش تۈرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

گەرچە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن «پايدا ـ زىياندا ئورتاقلىشىش» نى تەكىتلەپ كەلسىمۇ، گۇرۇھۋازلىق قىلىش ۋە سوغۇق ئۇرۇش پىسخىكىسى شەكىللەندۈرۈشتىن كۆرە، ئۆز ـ ئارا ھۆرمەتلىشىدىغان ۋە بىر ـ بىرىنى قوبۇل قىلىشىدىغان ئاتموسفېرا پەيدا قىلىپ، مۇقىملىق ۋە گۈللىنىشكە يول ئېچىش» قا كۈچەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەن بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ داۋاملىق تىنچ ئوكياندىكى ئاساسلىق قىرغاقلاردا ۋە ئامېرىكانىڭ ھاۋاي بويلىرىدا چوڭ تىپتىكى ھەربىي پورت قۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلىرى كىشىنى خاتىرجەم قىلمايدۇ.

تېخى ئۆتكەن ئايدىلا ئىمزالانغان «خىتاي ـ پاپۇئا يېڭى گىنېيە چۈشىنىش كېلىشىمى» دە، خىتاي تەرەپ پاپۇئا يېڭى گىنېيەنىڭ جەنۇبىدا، يەنى ئاۋستىرالىيەنىڭ بوسۇغىسىدا دېڭىزچىلىق بازىسى قۇرۇشقا 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق مەبلەغ سالىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان . دېڭىز مەھسۇلاتلىرى كەم بولغان نامرات بۇ رايوندا بەرپا قىلىنماقچى بولغان بۇ مۇئەسسەسە ئاۋستىرالىيەگە نىسبەتەن كۈچلۈك گېئو ـ پولىتىكىلىق مەنىگە ئىگە.

## مۇلاھىزە:

ۋاشىنگتون ۋە كانبېررادىكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنى «خىتاي مەبلىغى» دېيىلگەن تاشقى قەرزلەردىن يىراق بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە

خىتاينىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەرگە ياردەم ۋە قەرز ھېسابىدا سالغان مەبلىغى ئاز دېگەندىمۇ 1.7 مىليارت ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. خىتاي تەرىپىدىن «ئامېرىكىنىڭ قورچىقى» دېيىلگەن ئاۋستىرالىيەنىڭ بۇ رايوندىكى پەقەت 2018- يىلىدىلا قاتناش- مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سالغان مەبلىغىلا ئىككى مىليارد ئاسترالىيە دوللىرى (تەخمىنەن 1.54 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى) بولغان. ئامېرىكامۇ ئاقسارايى دۆلەت بىخەتەرلىكى كونسۇلىدا تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرى ئىشخانىسىنى قۇرۇپ، پىكىرداش دۆلەتلەر ئارا سىياسەت ۋە تەدبىر ئورتاقلىشىدىغان قۇرۇلما بىلەن تەمىنلىگەنىدى[13].

ۋىرۇس ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي ئۈزۈكچىلىكنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، مەزكۇر رايوندىكى گېئو- ئىستراتېگىيەلىك كۈچ تالىشىشمۇ يەنە بىر مەزگىل جىددىي رەۋىشتە داۋاملىشىدۇ. يۇقۇم سەۋەبلىك بۇرۇنقىدىنمۇ ئاجىزلىشىپ، سىرتنىڭ ياردىمىگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك مۇھىت بەرپا قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش- ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

[13]Department of Foreign Affairs and Trade of Australia, https://www.dfat.gov.au/geo/pacific/development-assistance/Pages/australian-infrastructure-financing-facility-for-the-pacific

# خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى
## (10.01.2021 — 04.01.2021)
**مۇھەممەت ئەلى**

■ 1. خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن ئېلىنغان ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، خىتاي 2020- يىلى خىتاي بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قورال ئىشلىتىش، پارتلىتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇقنى پاش قىلىپ , 90 دىن ئارتۇق جىنايەت شايكىلىرىنى بىتچىت قىلغان , 20 مىڭدىن ئارتۇق جىنايەت گۇماندارىنى قولغا ئالغان ,140 توننىدىن ئارتۇق قانۇنسىز پارتلىتىش دورىسى ,200 مىڭ داندىن ئارتۇق پىستان، ئوۋ مىلتىقى، يەل مىلتىق، پورۇق مىلتىقى، مىخ ئېتىش ئەسۋابىدىن ئۆزگەرتىلگەن مىلتىق قاتارلىق تۈرلۈك قانۇنسىز قورالدىن 76 مىڭنى يىغىۋالغان. خىتاي بويىچە قورال ساقلاش، جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.5% ,15.4% تۆۋەنلىگەن.[14]

■ 2. خىتاينىڭ مەركەز سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىدىن كەلگەن خەۋەردە مۇنداق دېيىلدى: 2020- يىلى 11- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكەت بويىچە قارا گۇرۇھقا چېتىشلىق 3584 تەشكىلات، رەزىللىككە چېتىشلىق 11 مىڭ 119 جىنايەت گۇرۇھى قانۇن بويىچە بىتچىت قىلىندى، بىتچىت قىلىنغان قارا گۇرۇھ ئالدىنقى 10 يىلنىڭ يىغىندىسىغا باراۋەر. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى نازارەت قىلىش كومىتېتىغا ماسلىشىپ، قارا جەمئىيەتكە،

[14]<2020年公安机关破获枪爆违法犯罪案件2万余起>、 新华网、 2021年01月04日、http://www.xinhuanet.com/legal/2021-01/04/c_1126945248.htm

رەزىللىككە چېتىلىدىغان چىرىكلىك ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» مەسىلىسىدىن 81 مىڭ 400 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى , 68 مىڭ 100 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى بويىچە چارە كۆردى، 922 كىشىنى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.[15]

## مۇلاھىزە:

خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە چىقىمى ئامېرىكادىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر رەقەم، ئەمما 2010- يىلدىن كېيىن خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك چىقىمى دۆلەت مۇداپىئە چىقىمىدىن ئېشىپ كېتىشكە باشلىدى،2017- يىلىغا كەلگەندە بۇ پەرق 18 % ئۆرلەپ، دۆلەت مۇداپىئە چىقىمى 161مىليارد 532مىليون دوللار، دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك چىقىمى 191مىليارد 492 مىليون دوللارغا يەتتى[16]. بۇنىڭدىن خىتايدىكى ئىچكى مۇقىملىق مەسىلىسىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئېشىشنىڭ مەلۇم بىر قىسمى شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى دۆلەت تېررورىزمىنىڭ كۈچىيىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

2020- يىلدىكى بۇ سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا خىتايدا ئىچكى مۇقىملىق مەسىلىسى يەنىلا ئېغىر دېيىشكە بولىدۇ.  بۇنىڭدىن كېيىن ياشانغان نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، ئىشسىزلىقنىڭ ئېشىشى ۋە ئىقتىساد ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشى بىلەن دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك مەسىلىسى تېخىمۇ چوڭ بىر مەسىلىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. تارىختا نۇرغۇن خىتاي سۇلالىلىرى ئىچكى ئىسياندىن يىقىلغان ئىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ئۈچۈنمۇ بۇ چوڭ

[15]<这组数据是你我安全感的来源  全国依法打掉涉黑组织3584个>、新华网、 2021年1月10日、 http://www.xinhuanet.com/legal/2021-01/10/c_1126965959.htm

[16]Adrian Zenz, “China’s Domestic Security Spending: An Analysis of Available Data”, The Jamestown Foundation, March 12, 2018, https://jamestown.org/program/chinas-domestic-security-spending-analysis-available-data/

بىر تەھدىت دېيىشكە بولىدۇ.

■ 3. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى» نى بېسىپ تارقاتتى.

2021- يىلى 1- ئاينىڭ 5- كۈنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى» نى بېسىپ تارقاتتى.

سەيشەنبە كۈنى ئېلان قىلىنغان بۇ بەلگىلىمىدە: «(بىز چوقۇم) ئىدىيەۋى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، چەت ئەلدىكى خىتاي پۇقرالىرى ۋە چەت ئەلدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ۋەتەنگە، كوممۇنىستىك پارتىيەگە ۋە خىتايچە سوتسىيالىزمغا بولغان قىزغىن مۇھەببەتنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك» دېيىلگەن. بۇ ھۆججەتتە يەنە«تەدبىر قوللىنىپ «تەيۋەن مۇستەقىللىق كۈچلىرى»نى توسۇپ، خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى يادرولۇق مەنپەئەتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش كېرەك»دېيىلدى.

چەت ئەلدىكى خىتاي پۇقرالىرى ئارىسىدا بىرلىك سەپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىدىن باشقا، بۇ نىزام يەنە «يېڭى ئىجتىمائىي قاتلام»غا ئالاقىدار يېڭى باب ۋە پاراگرافلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرى، شۇنداقلا يېڭى تاراتقۇلار تىلغا ئېلىنغان.

## مۇلاھىزە:

بۇلتۇر 11-ئاينىڭ 30- كۈنى خىتاي بۇ نىزامنامىگە قاراپ چىقىش يىغىنى ئاچقان ئىدى. ھازىر بۇنى رەسمىي ئېلان قىلدى. بۇ ئورگاننىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ، ۋەزىپە دائىرىسى ھەققىدە بۇلتەننىڭ 9- ساندا توختالغان ئىدۇق[17].

شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن بېرى بۇ جاسۇسلۇق ئورگىنىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ئورگانغا ئالاھىدە «كۆڭۈل بۆلمەكتە»[18]. ھازىرقى يېڭى نىزامنامىگە قارايدىغانلا بولساق، خىتاي بۇ ئورگاننىڭ دۆلەت ئىچى ۋە چەتئەلدىكى جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىشكە ئۈرۈنماقتا. ھەتتا چەتئەل مەبلەغ شىركەتلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋە تېخنىك خادىملارنىمۇ كۆزىتىشكە باشلايدىغانلىقى دېيىلگەن، بۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا.

بۇ سىرلىق ئورگان ئاللىقاچان باشقا دۆلەتلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئورگاننىڭ چەتئەلدىكى جاسۇسلۇق ۋە تەشۋىقات پائالىيەتلىرى تېخىمۇ كۆپ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى مۇمكىن. دۆلەت ئىچىدە بولسا تېخىمۇ كۈچلۈك بىر شەكىلدە خىزمەت قىلىشى مۇمكىن.

■ 4. خىتايدا خىتاي ۋىرۇسى تەھدىتى.

[17] ”خەلقئارا ۋەزىيەت: ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر -9سان“ , ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى , -2020يىلى -8 دېكابىر , s. 8, https://www.uysi.org/ug/xelqara_weziyet_uchur_we_tewsiyeler_9-san/25-2

[18]Michael R. Pompeo, “U.S. Imposes Sanctions on People’s Republic of China Officials Engaged in Coercive Influence Activities”, United States Department of State, 04.12.2020 ,https://www.state.gov/u-s-imposes-sanctions-on-peoples-republic-of-china-officials-engaged-in-coercive-influence-activities/

2021-يىلى 1-ئاينىڭ 4- كۈنى خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسى چېڭ داۋ شەھىرىدە ئەنگلىيەدە بايقالغان ئۆزگەرگەن خىتاي ۋىرۇسىنىڭ ئۆزگەرگەن يېڭى تىپى بايقالدى[19].

1-ئاينىڭ 6- كۈنى خىتايدا 63 خىتاي ۋىرۇسى يۇقۇملانغۇچى بايقالدى. بۇنىڭ 11- سىرتتىن كىرگەن ۋىرۇس 52سى خىتاي ئىچىدىكى ۋىرۇس ئىكەن[20]. 1- ئاينىڭ 9- كۈنى بۇ سان 69 غا يەتتى[21] ۋە بۇ 5 ئايدىن بۇيانقى ئەڭ كۆپ سان. بۇ بايقالغان يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كۆپ سانلىقى خېبېي ئۆلكىسىدە بولغاچقا، خېبېي ئۆلكىسى شى جىيا جۇاڭ شەھىرىدىكى ئۈچ مەمۇرى كادىر جازالاندى ۋە شى جىيا جۇاڭ شەھىرى 1-ئاينىڭ 7- كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي قامال قىلىندى[22].

## مۇلاھىزە:

2020- يىلى خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبىدىن خىتاينىڭ ئوبرازى كۆپ زىيانغا ئۇچرىدى. خىتاي، خىتاي ۋىرۇسىنىڭ مەنبەسىنى ئامېرىكا، ئىتالىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە دۆڭگەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىدى. يېڭى يىلدا خىتايدا يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ توختاۋسىز كۆپىيىشى بېيجىڭنى ئالاقىزادە قىلىۋەتتى. خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى چاغانغا ئاز قالغاندا كېسەلنىڭ كۆپىيىشى، خىتاينىڭ ۋىرۇسنى كونترول قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. خىتاي ۋىرۇسى خىتايدا قايتا كۆپىيىشكە باشلىسا خىتاي ۋە خىتاي ئىقتىسادى ئۈچۈن چوڭ بىر

---

[19]<山东发现首例新冠变异毒株感染确诊患者>、 新华网、 2021年01月05日、 http://www.xinhuanet.com/local/2021-01/05/c_1126949438.htm

[20]<截至1月6日24时新型冠状病毒肺炎疫情最新情况>、 卫生应急办公室、 2021年01月07日、http://www.nhc.gov.cn/yjb/s7860/202101/8011b21e1b874eee80020a585db487d7.shtml

[21]<截至1月9日24时新型冠状病毒肺炎疫情最新情况>、 卫生应急办公室、 2021年01月10日、 http://www.nhc.gov.cn/yjb/s7860/202101/8011b21e1b874eee80020a585db487d7.shtml

[22]<划重点！速览石家庄第三场疫情防控发布会>、 新华网、 2021年01月07日、 http://m.xinhuanet.com/he/2021-01/07/c_1126957916.htm

زەربە بولدۇ.

## ■ 5. خوڭكوڭدا 53 كىشى قولغا ئېلىندى.

خوڭكوڭ ساقچىلىرى 6-چېسلا شۇ كۈنى ئەتىگەندە ھەرىكەتكە كېلىپ، 53 ئادەمنى قولغا ئالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا بۇلتۇر باشلانغان «دەسلەپكى سايلام» نى تەشكىللەش، پىلانلاش ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان دەپ گۇمان قىلىنغان، ھەمدە «دۆلەت ھوقۇقىنى ئاغدۇرۇش» جىنايىتى بىلەن خوڭكوڭدا دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان دەپ گۇمان قىلىنغان[23].

## مۇلاھىزە:

خىتاي ئادىتى بويىچە «كۆزدىن كېيىن ھېساب سوراش» نى داۋام قىلىۋاتىدۇ. خىتاي بۇلتۇر 6-ئايدا «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»نى ئېلان قىلدى، ئارقىدىنلا خوڭكوڭ ھۆكۈمىتى دېموكراتىيەنى قوللايدىغان بىر قانچە كاندىداتنىڭ قانۇن كېڭىشىدە سايلامغا قاتنىشىش سالاھىيىتىنى بىكار قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆتكەن يىلى نويابىردا ، ھۆكۈمەت تۆت پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۆتكەن يىلى12-ئاينىڭ 2-كۈنى ، خۇاڭ جىفېڭ(黄之锋)، لىن لاڭ يەن(林朗彦)، جوۋ تىڭ(周庭) قاتارلىق خوڭكوڭ دېموكراتىك ھەرىكەت باشلامچىلىرى ئۆتكەن يىلقى نامايىشتا خوڭكوڭ ساقچى ئىدارىسىنى قورشاش ھەرىكىتىگە باشلامچىلىق قىلغان دېگەن نام بىلەن خوڭكوڭدا سوتلىنىپ ئايرىم ئايرىم ھالدا،13يىرىم ئاي، 7 ئاي، 10

[23]<香港警方以涉嫌违反香港国安法拘捕戴耀廷等53人>、 新华网、 2021年01月06日、 http://www.xinhuanet.com/2021-01/06/c_1126953232.htm

ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

2019- يىلدىكى دېموكراتىيە ھەرىكىتى خىتاينى چۆچۈتتى. خىتاينىڭ مۇستەبىت چۈشەنچىلىرىگە تامامەن زىت بولغان چۈشەنچىلەر ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرى خىتاي چوڭ قورۇقلۇقىغا يامرىسا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە قانۇنىيلىق ئورنى خەتەرگە دۇچ كېلەتتى. بۇ ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، ئالدىنى ئالمىسا بولمايدىغان «خەتەر» ئىدى. بۇ بەلكىم خىتاينىڭ خەلقئارادىكى نارازىلىق، ئەيىبلەش ۋە ئىناۋىتىنىڭ تۆكۈلۈشىگە پىسەنت قىلماي خوڭكوڭدا «دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنى»نى چىقىرىشى، خوڭكوڭ قانۇن تۈرغۈزۈش كومىتېتىنىڭ 4 ئەزاسىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىشى ۋە ئاخىرىدا خىتاينىڭ «كۆزدىن كېيىن ھېساب سوراش» ئەنئەنىسى بويىچە خۇاڭ جىفېڭ قاتارلىقلارنى جازالىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بېيجىڭنىڭ مەيدانىدىن تۇرۇپ ئېيتقاندا، خوڭكوڭنىڭ خىتاي ۋە ئاسىيا پۇل-مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن، خوڭكوڭنىڭ خىتايغا ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي پايدىسىغا قارىغاندا دۆلەت بىخەتەرلىكىگە بولغان يوشۇرۇن خەۋپى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. شۇڭا «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سىياسىتىنى «بىر دۆلەتتە بىر خىل تۈزۈم»گە ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئامېرىكا،ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلىدى[24] ھەتتا بەزى ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ خىتاي- ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىن ئۆتۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى[25]. ئەمما، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي

[24]“U.S., Canada, Britain, Australia condemn Hong Kong arrests of activists”, Reuters, 10.01.2021, https://www.reuters.com/article/us-hongkong-security/us-canada-britain-australia-condemn-hong-kong-arrests-of-activists-idUSKBN29F025

[25]Stuart Lau, “Hong Kong arrests threaten passage of EU-China investment deal, European Parliament

بىلەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالاش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ۋە خوڭكوڭدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويغىنىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۈگۈنكىدىن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ، ئىدېئولوگىيە،قىممەت قاراش، دىن، قان-قېرىنداشلىقتىن زىيادە مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتۇق. خىتايمۇ بۇنى ياخشى بىلىدۇ ۋە «ياخشى» قوللىنىۋاتىدۇ.

■ 6. خىتاي سودا مىنىستىرلىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ خىتاي شىركەتلىرى ۋە پۇقرالىرىغا قويغان «قائىدىسىز» قانۇن ۋە چەكلىملەرگە جاۋابەن يېڭى قائىدىلەرنى چىقاردى.

1- ئاينىڭ 9 - كۈنى خىتاي سودا مىنىستىرلىكى «چەتئەل قانۇنلىرى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ نامۇۋاپىق قوللىنىشىنى چەكلەش تەدبىرلىرى»نى ئېلان قىلدى[26]. خىتاي دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، بىخەتەرلىكىنى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى، چەتئەلدىكى خىتاي شىركەتلىرى ۋە خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلارنى قوغداش ئۈچۈن بۇ 16 ماددىلىق تەدبىرنى يولغا قويغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا، «ئۈچىنچى دۆلەت ياكى ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى بىلەن نورمال ئىقتىسادىي، سودا ۋە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان» خىتاي پۇقرالىرى، شىركەت ياكى تەشكىلاتلار چەتئەل قانۇن-نىزاملىرىنىڭ«قائىدىسىز» چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسا ، 30 كۈن ئىچىدە سودا مىنىستىرلىكىگە دوكلات قىلىسا بولىدۇ .ئاندىن، سودا مىنىستىرلىكى خەلقئارا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئېھتىماللىقى،خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە كۆرسىتىدىغان

members say”, South China Morning Post, 07.01.2021, https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3116713/european-parliament-members-say-hong-kong-arrests-threaten

[26]<商务部令2021年第1号 阻断外国法律与措施不当域外适用办法>、 中华人民共和国商务部、 2021年01月09日、 http://www.mofcom.gov.cn/article/b/c/202101/20210103029710.shtml

تەسىرى ۋە خىتاي پۇقرالىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى باھالايدۇ. ئەگەر شەخس ياكى شىركەت بۇ «قائىدىسىز» قانۇنلاردىن زىيان تارتقان بولسا، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ياردەم قىلىدۇ، ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ بەزى زورۇر بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشى مۇمكىن دەپ كۆرسىتىلدى.

## مۇلاھىزە:

يېقىندىن بۇيان ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى جىنايەتلىرىگە قارشى، خۇاۋېي، جوڭ شىڭ قاتارلىق خىتاي تېخنىكا شىركەتلىرىگە ، تىك توك، ئۈندىدار قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇپىلارغا ۋە خىتاي ھەربىي تەرەپ بىلەن ئالاقىسى بولغان شىركەت ۋە خىتاي پۇخرالىرىغا، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى، مەجبۇرىي ئەمگەك، ئىنسان ھەقلىرى جىنايىتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان خىتاي شىركەتلىرى ۋە ئورگانلىرىغا جازا يۈرگۈزدى.

خىتاي بۇنىڭغا قارشى نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە «ئۈنۈملۈك» بىر تەدبىر ئالالمىدى. بۇ بەلگىلىمە ئارقىلىق خىتاي،چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاي شىركەتلىرىنى ۋە پۇقرالىرىنى قوغداشنى «قانۇنلاشتۇرۇش»قا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي يەنە بۇ ئارقىلىق ئامېرىكا قويغان تۈزۈم ۋە قائىدىلەرگە قارشى «خىتاي قائىدىلىرى»نى قويۇشقا ۋە بۇنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئەمما خەلقئارالىق قائىدە-قانۇنلارنى ۋاقتى كەلگەندە ھېچ قوبۇل قىلمايدىغان، سىياسىي كۈلتۈرى ۋە قانۇن چۈشەنچىسى باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن تامامەن پەرقلىنىدىغان خىتاينىڭ بۇنى قوبۇل قىلغۇزۇلىشى ۋە ئاخىرىدا «خىتاي ئۇسۇلى» بىلەن دۇنياغا ھاكىم بولۇشى ناھايىتى قىيىندەك تۇرىدۇ.

## تەۋسىيەلەر:

خىتاينىڭ بۇ بىرلىك سەپ دېگەن ئورگىنى ھەققىدە ماقالىلەرنى يېزىپ، دۇنيا جامائىتىنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە دۇنيانىڭ بۇ ئورگان ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا كۈچ چىقىرىش.

شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە پائالىيەتچىلەر خوڭكوڭدىكى بۇ باستۇرۇشلار، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر، مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىقلارنى تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورگان ۋە كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، غەربنى ئۆز قىممەت قارىشىغا ئىگە چىقىشقا چاقىرىق قىلىش.

# بۇ ھەپتىدە شەرقىي تۈركىستان

## (11.01.2021 — 06.01.2021)

**تەييارلىغۇچى: نىجات مەمەت**

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزى گۇرۇپپىسى يىغىن ئاچقان.

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزى گۇرۇپپىسى 1 ـ ئاينىڭ 6، 8، 9 كۈنلىرى تۆۋەندىكى مەخسۇس باش تېمىلاردا:

1. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ «شىنجاڭ»نى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك «شىنجاڭ» قۇرۇپ چىقىش[27].
2. ئۈچىنچى قېتىملىق مەركەز «شىنجاڭ» خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش[28].
3. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى

[27]شىنجاڭ گېزىتى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك، 06 ـ 01 ـ 2021
http://uy.ts.cn/system/2021/01/06/036549772.shtml

[28]شىنجاڭ گېزىتى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك، 2021 ـ 01 ـ 08
http://uy.ts.cn/system/2021/01/08/036551360.shtml

قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش[29].

4. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولۇش[30] قاتارلىق يىغىنلارنى ئورۇنلاشتۇرغان.

يىغىندا:

بىرىنچى، ئىدىيۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنمۇ ئۆستۈرۈش، <تۆت ئاڭ[31]>نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ[32]»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش[33]»نى ئىشقا ئاشۇرۇش،

ئىككىنچى، دائىملاشتۇرۇش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى يەنمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش،

ئۈچىنچى، مەزمۇنى، ۋاستىسىنى بېيىتىپ، تەشۋىقات، لېكسىيىنى يەنمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،

شى جىنپىڭنىڭ<مەركەز شىجاڭ يىغىنى> سۆزىنىڭ روھىنى ئورگانلارغا كىرگۈزۈش، كارخانىلارغا ، يېزىلارغا ، مەكتەپلەرگە ، مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش

[29]شىنجاڭ گېزىتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، 09 ـ 01 ـ 2021
http://uy.ts.cn/system/2021/01/09/036551420.shtml

[30]شىنجاڭ گېزىتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك، 10 ـ 01 ـ 2021
http://uy.ts.cn/system/2021/01/10/036551993.shtml

[31]تۆت ئاڭ: سىياسىي ئاڭ ، يادرولۇق ئاڭ ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئېڭى ۋە ماسلىشىش ئېڭى

[32]تۆت ئۆزىگە ئىشىنىش: تۇتقان يولىدا ئۆزىگە ئىشىنىش ، نەزەرىيەۋىيدە ئۆزىگە ئىشىنىش ، سىستېمىغا بولغان ئىشەنچ ، مەدەنىيەتتە ئۆزىگە ئىشىنىش

[33]ئىككىنى قوغداش: شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ يادرولۇق ئورنىنى ۋە پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداشنى ، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ هوقۇقى ۋە مەركەزلىك رەھبەرلىك هوقۇقىنى قەتئىي قوغداشنى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى يەنىمۇ ياخشىلاش

بەشىنچى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يەنىمۇ كۈچەش

شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش،<شىنجاڭ ھېكايىسى>نى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق سۆزلەپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش تەكىتلەنگەن.

## مۇلاھىزە:

2021-يىلى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلىدىغان، خىتاينىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشىنىڭ باشلىنىدىغان بىرىنچى يىلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ <بىر بەلباغ بىر يول >پىلانىدىكى ئېسىراتىگىيەلىك مۇھىم نۇقتىسى، شۇڭلاشقا خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ شەرقىي تۈركىستاندا <بىر بەلباغ بىر يول> ئۈچۈن <مۇقىم، خاتىرجەم، تەرەققىي قىلغان> بىر ۋەزىيەت يارىتىشىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇپ، ھەر تۈرلۈك خىزمەت تەقسىملەشنى باشلىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.خىتاي مەنبەلىرىدە بۇلتۇر ئېلىپ بارغان سىياسەتلىرى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا <مۇقىملىق> ياخشى بولغان خەلق <كەسىپ> ئۆگىنىپ بېيىغان، خەلق <ئەركىن> ھالدا تىلىنى، دىنىنى ئۆگەنگەن ، شەرقىي تۈركىستان يەر ئاستى بايلىقلىرىدا ۋە شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىن ياۋروپاغا قاتنىغان پويىز قېتىم ساندىمۇ يېڭى رېكورتلار يارىتىلىپ شەرقىي

تۈركىستاندا<مۇقىم ۋە سىجىل تەرەققىيات> مەيدانغا كەلدى دېيىلگەن.

ئەمما تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتى نەتىجىسىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرى ئەمگەككە سالغانلىقى، يەنى زامانىۋى قۇللۇق تۈزۈمنى ئورناتقانلىقى، دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى باھانە قىلىپ بىگۇناھ تۇتقۇن قىلغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقنى ئۆز ئۆلكىلىرىگە مەجبۇرى يۆتكەش قىلمىشلىرى ئاشكارىلانغان ئىدى.

■ خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس ئۆزگىرىش دوكلاتىنى ئېلان قىلغان[34]

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى ئالاھىدە تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى لى شياۋشا(李晓霞) گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزنىڭ«ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش: خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنى كونترول قىلىش ھەرىكىتى[35]» ناملىق دوكلاتىغا قارشى <شىنجاڭدىكى نوپۇس ئۆزگىرىش ھەققىدىكى تەھلىل دوكلاتى>نى 7 يانۋار 2021 تىيانشان توردا ئېلان قىلغان.

بۇ دوكلاتتا 1949 يىلدىن 2018 يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس ئومۇمىي ئۆزگىرىشى تۆۋەندىكىدەك:

[34]李晓霞、天山网、新疆地区人口变动情况分析报告、2021-01-07 http://cn.chinadaily.com.cn/a/202101/07/WS5ff6a127a3101e7ce973991e.html

[35]Adrian Zenz, Sterilizations, IUDs, and Coercive Birth Prevention: The CCP's Campaign to Suppress Uyghur Birth Rates in Xinjiang, China Brief Volume: 20 Issue: 12 https://jamestown.org/program/sterilizations-iuds-and-mandatory-birth-control-the-ccps-campaign-to-suppress-uyghur-birth-rates-in-xinjiang/







دوكلاتتا 2018- يىلدىكى شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ (ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ)تۇغۇلۇش نىسبىتى ۋە تەبىئىي ئېشىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان <پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى>نىڭ توغرا تەشۋىقات نەتىجىسى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەرلىشىشى بىلەن خەلقنىڭ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش يولىدىن يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇشقا قاراپ ماڭغانلىقى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللارنىڭ ئاشقۇن دىنىي ئىدىيەلەردىن قۇتۇلغانلىقىدىن بولغانلىقى بايان قىلىنغان.

## مۇلاھىزە:

ئالدىنقى يىل 6-ئۆكتەبىر كۈنى ئادريان زېنز، <لىن فاڭفېي (林芳菲) «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىدا چەتئەل ئىجتىمائىي نەزەرىيەسى ۋە ئىجتىمائىي خىزمەت نەزەرىيەسىدە دەرس سۆزلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت ياكى ئاز سانلىق مىللەت قاتارلىق ساھەلەردە كۆرۈنەرلىك ئىلمىي

تەجرىبە توپلىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئالامەت يوق[36]> دەپ رەددىيە بېرىپ <ئەدىپىنى بېرىپ> قويغاندىن كېيىن ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى ھەر يىلى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن. بۇ قېتىم خىتاي مەخسۇس تەكلىپلىك تەتقىقاتچى تەكلىپ قىلىپ تەييار قىلغان دوكلاتى ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلاشنى ئۇرۇنغان بولسىمۇ، خەلقئارادا قوبۇل قىلىشقا ئېرىشەلمىدى، تۋىتتېر شىركىتى ئامېرىكادىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ھېساباتىنىڭ <تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىدىيىسى ئازاد قىلىندى، جىنسىي باراۋەرلىك ۋە كۆپىيىش ساغلاملىق ئېڭى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۇلار ئەمدى بالا تۇغۇش ماشىنىسى بولۇش قىسمىتىگە خاتىمە بەردى. ئۇلارنىڭ ھازىر ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە مۇستەقىللىق تۇيغۇسى ئاشتى> دېگەن مەزمۇندىكى ئۇچۇرىنىڭ ھاقارەت خاراكتېرىنى ئالغانلىقىنى، بۇ ئۇچۇرنىڭ تۋىتتېر شىركىتىنىڭ <ئىنسانسىزلاشتۇرۇش> پرىنسىپىغا مۇخالىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆچۈرۈۋەتكەن[37]. شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا «فېئودال باي پومىچىكلارنى يوق قىلىش، چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلارنى تازىلاش، دىنى ۋە ئېتنىك ئاشقۇنلارنى بىر تەرەپ قىلىش، پانتۈركىسىزم ۋە پانئىسلامىزمدەك زەھەرلىك ئىدېئولوگىيەلەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئادەم قىلىش، دۆلەتنى پارچىلاش ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىش» قاتارلىق ھەر خىل باھانە ۋە ئىدىيەلەر بىلەن زۇلۇم سىياسىتى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان  خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشچىلىقىدىكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى، بۇ قېتىم ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغۇتتىن چەكلەشتەك قىلمىشىنى «مەدەنىيەتلىك ئىنسان بەرپا قىلىش»شوئارى بىلەن يوشۇرۇشقا ياكى پەردازلاشقا ئۇرۇنماقتا.

[36]Adrian Zenz, A Response to the Report Compiled by Lin Fangfei, Associate Professor at Xinjiang University, 2020-10-06 https://adrianzenz.medium.com/a-response-to-the-report-compiled-by-lin-fangfei-associate-professor-at-xinjiang-university-bdad4bbb97f9

[37]ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى، تۋىتتېر خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەققىدىكى بىر ئۇچۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، جۈمە، 10 ـ 01 ـ 2021
https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/twitter-xitay-01102021215932.html

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى بايانات ئېلان قىلغان.

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى باياناتچىسى زۇلھايات ئىسمائىل 11- يانۋار بېيجىڭدا >شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەركىن ۋە نورمال[38]<ئىكەنلىكى ھەققىدە بايانات بەرگەن.

باياناتتا چەتئەلدىكىلەرنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئالاقە قىلالماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى

1. چەتئەلدىكى >شىنجاڭلىقلار<نىڭ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى ئالاقىلىشىشنى خالىمىغانلىقى.
2. چەتئەلدىكى >شىنجاڭلىقلار<نىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى، باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ۋە باشقا جىنايەتلەر سەۋەبىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن قانۇن بويىچە ئالاقىلىشىشقا بولمايدىغانلىقى
3. چەتئەللەردىكى >شىنجاڭلىقلار< بىلەن مەملىكەتلىرىدىكى ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئالاقىلىشالماسلىقى كونا تېلېفون نومۇرلىرىنىڭ ئالماشقانلىقى ياكى بىر - بىرىنىڭ نومۇرىنى خاتا ئېسىدە تۇتۇۋالغانلىقى.
4. چەتئەلدىكى >شىنجاڭلىقلار<«ئۈچ خىل كۈچ» (دىنىي ئاشقۇن

[38]张素，新疆官员：疆内各族群众与国外亲属的通信联系是自由正常的，中国新闻网、 2021-01-11 https://www.chinanews.com/gn/2021/01-11/9384321.shtml

كۈچلەر ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە زوراۋان تېررورلۇق كۈچلىرى) تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلغان ۋە زورلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئاتالمىش «ئالاقىلىشالمىغانلىق» يالغانىنى قەستەن توقۇپ چىققانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەرگە باغلاپ بايان قىلغان.

## مۇلاھىزە:

شەرقىي تۈركىستانلىقلار 2016-يىلىدىن بۇيان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بايان قىلغان ۋە ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەر ۋە ئورگانلىرىغا بۇ ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغان ھەتتا خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلغان ئىدى. خىتاي كونسۇلخانىسى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قولىغا نامسىز بىر خەت بېرىپ ئالاقىلىششقا توسالغۇلۇق قىلغانلىقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. چەتئەلدىكىلەرنىڭ كۆپى ئاتا-ئانىسى بىلەن ئالاقە قىلىشقا تىرىشىۋاتقاندا ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى، باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايەتلىرى سەۋەبىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن قانۇن بويىچە ئالاقىلىششكە بولمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىشى ئوچۇقتىن ئوچۇق بىر يالغانچىلىقتۇر. خىتاي بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ <بىگۇناھ> ئىكەنلىكىنى ئاقلىيالمايدۇ.